# بۆگۈندىن كېيىن قېرىندىشىمغا يىغلىماڭلار

ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جەئفەرنىڭ شېھىت بولغانلىق خەۋىرى كېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ: «بۆگۈندىن كېيىن قېرىندىشىمغا يىغلىماڭلار» دەپ ئاندىن: «ماڭا قېرىندىشىمنىڭ باللىرىنى چاقىرىپ بېرىڭلار» دېدى، بىز خۇددى بىچارە باچكىلاردەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ماڭا ساتىراچ چاقىرىپ بېرىڭلار» دەپ ساتىراچقا بۇيرۇپ، چاچلىرىمىزنى چۈشۈرگۈزىۋەتتى

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [نىسائيي"سۈنەن نىسائيي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەئفەر ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۈچ كۈن مۆھلەت بەردى، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى، جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇتە ئۇرۇشىدا شەھىد بولۇپ كەتكەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى قايغۇلىرىنى كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن، تىنىچلىنىۋېلىشى ئۈچۈن ئۈچ كۈن مۆھلەت بەردى، ئاندىن ئۇلارغا: «بۆگۈندىن كېيىن قېرىندىشىمغا يىغلىماڭلار» دېدى، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇلارنى يىغلاشتىن چەكلىدى، چۈنكى مۇسىبەتكە دۇچ كېلىش ۋە قايغۇرۇشنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن بولمايدۇ ۋە داۋاملاشمايدۇ، بۇ يەردىكى چەكلىمە ھارام ئەمەس، بەلكى يەڭگىل چەكلىمە ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر چەكلەنگەن ئىشلار يۈز بەرمىسە ئۈچ كۈندىن كېيىنمۇ يىغلىسا بولىدۇ، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ماڭا قېرىندىشىمنىڭ باللىرىنى چاقىرىپ بېرىڭلار»دېدى، ئۇلار جەپەرنىڭ ئابدۇللاھ، مۇھەممەد ۋە ئەۋنپ قاتارلىق باللىرى ئىدى. ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بىز خۇددى بىچارە باچكۈلاردەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدۇق، يەنى ئۇلار دادىسىنى يوقۇتۇپ قويۇش بىلەن يەتكەن قايغۇ-ئەلەم بىلەن شۇنداق ھالغا كىلىپ قالغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماڭا ساتىراچ چاقىرىپ بېرىڭلار» دەپ ساتىراچقا بۇيرۇپ، بىزنىڭ چاچلىرىمىزنى چۈشۈرگۈزىۋەتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاپىسى ئەسما بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا يولدىشى ئاللاھ يولىدا شەھىت بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ مۇسىبەتتە ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى تاراپ قويۇشقا ۋاقىت چىقىرالمىغان، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ چاچلىرىنىڭ كىرلىشىپ، پىتلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارغا كۆيۈنۈپ شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان، ئۇلارنىڭ چېچىنى ئالدۇرىۋېتىش ئۇلارغا پايدىلىق بولدى، شۇنداقلا مۇسىبەت ئىشى بىلەن ئۇلارنىڭ چېچىغا كۆڭۈل بۆلەلمىگەن ئاپىسىغىمۇ ئاراملىق بولدى، ئاگاھلاندۇرۇش: ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، مۇسىبەت يەتكەن ۋاقىتتا چاچنى ئالدۇرۇش توغرا بولمايدۇ.سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «مۇسىبەت يەتكەندە چېچىنى ئالدۇرىۋەتكەن، كىيىمىنى يىرتقان ۋە ئاۋاز كۆتۈرۈپ يىغلىغانلارغا لەنەت قىلغان»، جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باللىرىنىڭ چېچىنى ئالدۇرىۋېتىش بولسا ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن بولغان مەقسەت، جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەندە، ئۇ باللارنىڭ ئانىسى ئۇلارنىڭ چاچلىرىغا كۆيۈنۈپ تاراپ قىلىدىغان ئىشلارغا ۋاقىت چىقىرالماي قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ باشلىرىنىڭ پىتلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، چېچىنى ئالدۇرىۋېتىشكە بۇيرىغان، چاچ ئالدۇرۇشنىڭ مۇسىبەتكە تەسىرى بولمايدۇ

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee